السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# ئۆيۈڭلارنى قەبرىستانلىق قىلىۋالماڭلار، مېنىڭ قەبرەمنى تەكرار تاۋاپ قىلىدىغان جاي قىلىۋالماڭلار، ماڭا دۇرۇت-سالام يوللاڭلار، ھەقىقەتەن سىلەر قەيەردە بولساڭلار سىلەرنىڭ يوللىغان دۇرۇت-سالامىڭلار ماڭا يەتكۈزۈلىدۇ

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۆيۈڭلارنى قەبرىستانلىق قىلىۋالماڭلار، مېنىڭ قەبرەمنى تەكرار تاۋاپ قىلىدىغان جاي قىلىۋالماڭلار، ماڭا دۇرۇت-سالام يوللاڭلار، ھەقىقەتەن سىلەر قەيەردە بولساڭلار سىلەرنىڭ يوللىغان دۇرۇت-سالامىڭلار ماڭا يەتكۈزۈلىدۇ».

[ھەسەن] [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۆيلەرنى نامازدىن خالىي قىلىپ، ھېچ قاچان ناماز ئادا قىلىنمايدىغان قەبرىستانلىققا ئوخشاش قىلىۋېلىشتىن چەكلىگەن. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ قەبرىسىنى تەكرار زىيارەت قىلىشتىن، قەبرىسىنىڭ يېنىدا مەلۇم ۋاقىتنى بېكىتىپ توپلىشىشۋېلىشتىن چەكلىدى، چۈنكى ئۇ شېرىككە ئېلىپ بارىدىغان ئىشتۇر. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇممىتىنى زېمىننىڭ قايسى يېرىدە بولسا ئۆزىگە دۇرۇت-سالام يوللاشقا بۇيرىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ يوللىغان دۇرۇت-سالاملىرى ئۇلار يىراقتا بولسۇن ياكى يېقىندا بولسۇن ئوخشاشلا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا يېتىدۇ، دائىم ئۇنىڭ قەبرىسىگە كېلىشكە ھاجەت بولمايدۇ.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3350

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY

لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee